

# مۇسابقه ئاياغلاشمدى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرىسى




مەملىكەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئىلغارى — شاگىخەي ستانوك زاۋودى-نىڭ تېخنىكى شىڭلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلغار تەجرىبىسىنى ئۆگىنىپ 40 سايماننى ياخشىلاش بىلەن بەشژىللىق ۋەزىپىسىنى 3 ژىلچە ۋاقىت ئىچىدە ئورۇنلىدى.





شىڭ لىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرۇدىغان ئۇتۇغى شەھەر بويىچە ئىشچىلارنى تەۋرىتىۋەتتى. كوپچىلىك ئالاھىدە تەشكىللىنىپ كېلىپ مۇبارەكلىدى.


ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




شىڭ لىنىڭ ياراتقان يېڭى رېكوردى ھەممە تەرەپلەردە مۇسابىقە دولقۇنىنى قوزغىۋەتتى.





شەھەر بويىچە ئىشچىلارنىڭ مۇسابىقىسى راسا ئەۋج ئالغان بىر چاغدا، رەھبەرلىك شىنڭلىنى ستانوكقا يوتكەشنى قارار قىلدى. چۈنكى ۋەزىپە ئاشۇرۇۋالغانلىقتىن توۋەن سۈرئەتلىك ستانوكتىن پايدىلىنىشتا «لىمىن» ماركىلىق ستانوكنى ئاساس قىلىپ ئىشلەشكە ژۇقورى تېخنىكىلىق بىر كىشى بولۇش لازىم ئىدى.




شىڭلى «لىمىن» ماركىلىق ستانوكقا يوتكۇلۇپ كەلدى. ھەرقانچە ئايلانسىمۇ ئاران 300 نى يىقىرالايدىغان بۇ «كالاھارۋىسى»نى كورگەن شىڭ لىنىڭ ئەرۋايى ئۇچۇپ كەتتى.




رادىو: «پۇمىنكۇڭ، چىڭ گىگرۇڭ، لى جىڭبياۋلار شىڭلىغا يېتىشۋالدى!»
دەپ خەۋەر تارقاتتى، بولۇپمۇ ئوتمۇشتىن بېرى ياردەم قىلىپ كېلىۋاتـ
قان مۇھاجىر لى جىڭبياۋنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ
چوچۇپ كەتتى.




شىڭلى ئەتراپىغا نەزەر سىلىپ ئۇتمۇشتە چاپلانغان «شىڭلىدىن ئۆ-
گۈنۈمىز!» دېگەن شۇئارلارنى كوردى-دە، ژۈرىگى جىغىلدىدى.
«رەھبەرلىك نىمە ئۈچۈن مىنى بۇيەرگە يوتكەپ قويۇدۇ؟» دەپ لېۋىنى
چىشلىدى-دە، رەھبەرلىكنى ئىزدەپ ماڭدى.

www.uyghurkitap.com




شىڭلى 2 قەدەم ماڭغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ: «ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشىلاش ئۈچۈن سېنى يوتكىدۇك، «لىمىن» ستانوكىنى ھېچكىشى ئىشلەتمىسە كىم ئىشلىتىدۇ؟ رېكورد يارىتىمىز دەپ ۋەزىپىنى تاشلاپ قويساق بولامدۇ؟ دەپ رەھبەرلىكتىن ماڭا نەچچە قېتىم ئېيتقان تۇرسا، مەن يەنە نېمىشكە بارىمەن» دەپ ئۆز-ئۆزىنى ئېيىپلىدى.




ئۇيغۇر كىتاب تورىنىڭ تارماق ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۇ، ئۇزىچە قىزىرىپ كەتتى ۋە دەرھال چىرتوژنى ئېلىپ كوردى، ئۇنى - بۇنى تۇتۇپ بېقىپ ئۆز كوڭلىدە : «مۇنداق پۇختا ستانوكنى نىمىشكە تېزلەتكىلى بولمايدۇ؟» دەپ ئويلىدى.




شىڭلى: «توغرى، بۇنى بىر ئامال قىلىپ تېزلەتتۇرۇشۇم لازىم!» دېدى-دە، ئورنىدىن تۇردى، ئەمما «ئېنېرگىيە ئۈسكۈنىلىرى بولۇمى بۇ ستانوكنى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇشقا ماقۇل كۆرەرمۇ؟» دېگەن مەسىلە دەرھال ئالدىغا كەلدى-دە، بىر ئۇلۇق-كىچىك تىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى — www.uyghurkitap.com — ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




تۈيۈقسىز بىر كىشى مۈرىسىنى تۇرتۇۋىدى، ئارقىسىغا قارىسا چاڭجاڭ ئىكەن. چاڭجاڭ بۇنىڭ بېشىدىن ئايىغىچە بىر قاردۇۋېتىپ خۇددى بۇنىڭ كوڭلىدىكىنى تاپقاندەك: «روھىڭ چۇشۇپ كېتىپتىغۇ، مۇدىرىڭلارنىڭ سەندەك قاۋۇل كىشىنى مۇنداق ستانوكقا يوتكوشى توغرى!» — دېدى.




چاڭجاڭ بۇنىڭغا كۆيۈمچانلىق بىلەن: «ئامما ئىلغارلارنى خۇددى
ئاسماندىن چۈشكەن پېرىشتىدەك سۆيىدۇ، ئەمەلىيەتتە قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا
ئۇلارنىڭمۇ ئاممىغا ئوخشاشلا روھى چۈشىدۇ، مەسىلە ئىلغارنىڭ قىيىن-
چىلىقنى يېڭىپ توسالغۇلارنى يېمىرىپ تاشلىلىشىدا!» — دېدى.


www.uyghurkitap.com





يۈزى قىزارغان شىنىڭ‌ئاي قولىدىكى چېرتوژنى سىلاپ چاڭجاڭغا قاردۇيتىپ بېشىنى يەرگە سالغان ھالدا: «بۇ «كالا ھارۋىسى» نى تېز- لەتتۇرۇشنىڭ ئامالىنى ئويلاۋاتىمەن...» — دېۋىدى، چاڭجاڭ قاقاخلاپ كۇلۇپ كېتىپ: «راستىنى ئېيتقىنىڭ ياخشى ئۇنى مېڭىدە ساقلاۋېرىش بولمايدۇ!» — دېدى.




خوشال بولغان چاگجاڭ دەرھال: «سەن بىر لايىھە تۈزۈپ چىقساڭ، ئېنېرگىيە ئۈسكۈنىلىرى بولۇمى بۇنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشقا ھۆددە قىلىپ بېرىدۇ! مۇدىرىڭنىڭ ساڭا ياردەمگە ئادەم بېرىشى ئۈچۈن مەن ئۇختۇرىمەن!» — دېيىشتى، شىڭلى ئۆزىدە بىرخىل قىزغىنلىقنى ھېس قىلغان ھالدا چاگجاڭغا: «ستانوكنى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇشقا ئېنېرگىيە ئۈسكۈنىلىرى بولۇمى رۇخسەت قىلماسمىكىن دەپ قورققان ئىدىم......» — دېدى.




شۇ كۈندىن باشلاپ شىڭ‌لى ھەركۈنى كېچىسى تۈن يېرىمىغىچە قوللىدىن چېرتوژنى چۈشۈرمەستىن لايىھە ئىشلىدى، ئۇنىڭ يولدىشى ئۇخلاشقا شۇنچە دەۋەت قىلسىمۇ ئۇنىمىدى.




ئۇ ئاردىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا سىزىقلىرى قىڭغىر ـ سىڭغىر لايىھەنى ئىشلەپ چىقتى. چاڭجاڭنىڭ ھايداقچىلىغى بىلەن بۇنىڭغا ياردەملىشىپ رېمونت قىلىشقا ئېنىرگىيە ئۈسكۈنىلىرى بولۇمى تېخنىك بەلگىلەپ بەردى.


www.uyghurkitap.com



تېخنىكنىڭ ھەر تەرەپلىمە ياردىمى بىلەن تاسىملىق دېسكا تەرتىپكە سېلىنىپ ستانوكنىڭ كۆچى ئېشىش بىلەن پىقىراش سۈرئىتى ئوسۇپ 300 دىن 820 گە يەتتى. رېمونتچىلارمۇ شىڭلىنىڭ تەكلىۋىنى قىزغىن ھىمايە قىلىپ باھار بايرىمىدىكى تەتىل ۋاقتىدا ئىشلەپ «كالاھارۋىسى» نىڭ مېگىشىنى چاپسانلاتتى.



ئەمدى قىرىش سورئىتىنى ئۇستۇرۇش ھەققىدە سىناق قىلىش ۋاختى
بولۇپ قالـدى، شەنبە كۈنى ئەتىسگەندە شىنكلى خۇددى بىرخوشاللىقا
چومگەن كىشىدەك ئۆز سېخىغا ماڭدى.




ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشلەپچىقىرىش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى چاڭ شىباۋ شىڭلىنى سېختا كۈتۈپ تۇراتتى، شىڭلىنى كۆرۈپلا: «شىڭلى! سىناقنى دەرھال باشلاڭ، پارتورۇبىنىسى زاۋۇتىدا، 3- دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچى سۇڭ ۋەنجىنىڭ 1055 مېترلىق يېڭى رېكورد يارىتىپتۇ!» — دېدى.




بۇلاردەل سوزلۇشۇۋاتقاندا سىناقنى كورمەك بولغانلار يېتىپ كەلدى، بەزى «ئۇزۇن قۇلاق» مۇخبىرلارمۇ شىڭلىنىڭ ستانوكنى ئوزگەرتىپ قۇراشتۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ زاۋودقا كەلدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

سىناق باشلاندى، ستانوك ئەتراپىنى كىشىلەر ئورىۋالدى. ستانوك-
نىڭ بېشى ئۇچقاندەك پىقىراپ كەتتى، شىڭلى بىرقولى بىلەن ستانوكنى،
بىرقولى بىلەن تىغ سايىغىنى تۇتۇپ قارا تەرگە چومگەن هالدا ستانوكتىن
كوز ئۈزمەي تىكىلىپ قاراپ تۇردى.



تىغ ساپىغىغا بېكىتىلگەن بىرىكمە تىغ مېتالغا تېگىش بىلەن ۋىژىلدىغان
ئاۋاز چىقىپ، كوك مېتالدىن قىزىرىپ چىققان مېتال قىرىندىلىرى خۇددى
ئوقيادەك ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى




قىرىلغاندىن كېيىنكى مېتال خۇددى ئەينەكتەك پارقىرىدى. كۆپچى-
لىكنىڭ پۈتۈن دىققىتى تىغ ساپىغىنىڭ ئاغزىدا ئىدى. پىقىراش سۇر-
ئىتىگە نەزەر سېلىپ تۇرغان كۆپچىلىك شىڭلىنىڭ 1060 مېترلىق يېڭى
رېكورد يارىتالىغىنى ھېساپلاپ چىقتى.





شىڭاى 1287 مېترلىق رېكورد ئۇچۇن سىناقتا كۇرىشكەن ئىدي،
دەل بۇ ۋاقىتتا تىغ ساپىغىنىڭ ئاغزىدىن پۇقۇراپ ئىس چىقىشقا باشلى-
دى-دە، تىغ كويۇپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




شىڭلى دەرھال باشقا تىغ يەڭگۈشلەپ داۋاملىق ئىشلىدى. ئۇ-
زۇن ئۆتمەيلا بۇ تىغمۇ كۇيۇپ كەتتى. شىڭ لىنىڭ ستانوكىنى توختاتقان
ئاۋازى بىلەن تەڭ كوپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۇلۇق-كىچىك تىنىشتى.



سىناق توختالدى، شىمكىلى تىغنى ساپتىن ئاجىرتىۋېلىپ ئۇنىڭ كۆ-
يۈپ كېتىش سەۋەبلىرىنى ئىزدىدى. تىغ قولىدا ئىنفىر تۆيۈلدى - دە،:
«بىرىاخشى پىقىراۋېتىپ ئەجەپ كۆيۈپ كەتتىغۇ!» ــــ دەپ ئۇلۇق - كىچىك
تىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com





مۇخبىرلار بىر ـ بىرسىگە قارىشىپ شىمىڭ لىدىن: «سىز سۇڭ ۋەنچىڭ-
دىن ئېشىپ كەتتىڭىز، 1287 مېترلىق سىناقتا تىغ كۆيۈپ كەتتى؛ ئەمما
ئىلگىرىكى 1060 مېترلىق رېكوردىڭىزنى ئېلان قىلىشاق رازى بولامسىز؟» —
دەپ سورىدى.



شىڭلى ھېچ ئويلونوپ تۇرماستىنلا: «رازى بولمايمەن، تىنغ كويۇپ كەتكەن تۇرسا يەنە قانداق رېكورد بولالايدۇ؟ سىناق قىلىشتىكى مەخسەت قايسى بىرسىدىن ئېشىپ كېتىش ئۈچۈن ئەمەس! بىز مۇسابىقىلىشىۋاتىمىز، رىقابەتلىشىۋاتمايمىز!» — دەپ مۇخبىرلارنىڭ سوزىنى رەت قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى




سىناقنى كۆرۈشكە كەلگەنلەر تارقىلىپ كەتتى. ئەمما شىنگلى «كالا هارۋىسى» ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، ئىچى كۆيۈپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنى قانداق قىلىش كېرەك؟ دەپ ئېڭىكىنى تۇتقان پېتى ستانوك يېنىدا غەمگە چۈشتى.



شىڭلى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ كۆڭلى بەك پاراكەندە ئىدى. ئالدىدا تاماق تۇرسىمۇ ئۇنى يېمەستىن كۆيۈپ كەتكەن تىسقىنى ئويلىدى.


www.uyghurkitap.com



ئەرتىسى يەكشەنبە كۈنى ئىدى، شىڭلىنى ياخشىراق ئارام ئېلىۋال-
سۇن دەپ ئويلىغان رەپىقىسى پىڭ يۈيجىڭ بالىلىرىنى باشلاپ تاشقىرىغا
چىقىپ كەتتى.




ئەملیەتتە شنڭلننڭ ئچگە جن كرۋالغاندەك پەقەت ئۇيقسى كەلمدى. ئۇ رەپقسننڭ باللرنى باشلاپ چقپ كەتكنندن كېين كيملرنى كيپ ئارقا ئشك بلەن جاڭ شباۋنڭ ئۆيگە ماڭدى.





شىڭلى ئۆيگە كىرىشكەچكە شىباۋ قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ راسا بىر نەرسىنى جىددىي ئويلاپ تۇرغان ئىكەن، ئارقىغا بۇرۇلۇپلا شىڭلىنى كۆرۈپ: «ئادەمنى تەشنا قىلىپ نىمە مۇنچە كېچىكىپ كېلىسەن!» — دېيىشتى، شىڭلى: «ھەي قويغىنا يولداش، بىزنىڭ شۇ خوتۇننى...!» — دېدى.

www.uyghurkitap.com




بۇئككسى تەگلا «ستانوكنڭ كېسلنى تاپتڭمۇ؟» — دەپ بر-برسدن سورشۋلدى، ئككلسى تاپالمغانلغنى ئېيتتى. شڭ لى بلەن جاڭ شباۋ تننى قايتا تەكشۈردى، سوۋېتنڭ ئلغار تەجربلرى بلەن سېلشتۇروپمۇ هېچنەمنى تاپالمدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى





ئىككىسى بىردەم ماتېريال ئاختۇردى، بىردەم ئويلۇنۇپ كورۇشتى، شىڭلى ئۇستەلگە چاپلىشىپ ئولتۇرۇپ سوۋېتلىك مىتال قىرغۇچى ئۇستا بىكوۋنىڭ تونۇشتۇرغان تەجرىبىلىرىنى ئىنچىكىلەپ كورۈۋېتىپ، تۇيۇقسىزلا مانا تاپتىم!»—دېدى.





خوشاللانغان جاڭشىباۋ دەرھال شىڭلىنىڭ يېنىغا كەلدى. كىتاپتا: «تىغنىڭ يۈزى خۇددى ئەينەكتەك پاقىرايدىغان قىلىپ بۇلەنسە تىغدا ساقلىنىدىغان ئىسسىقلىقنى كېمەيتكىلى بولىدۇ......» دەپ يېزىلغان ئىكەن. بۇنى كۆرگەن بۇ ئىككىسى: «توغرى! تىغنى بۇلەشتە مۇنچىلىك كىچىك ئىشقا دىققەت قىلماپتۇق» — دېيىشتى.

www.uyghurkitap.com





ئاخىردا بۇ ئىككىلىسى ئەرتە ئەتىگەندە بۇلەيچىنى تېپىشنى قارار قىلىشتى. بۇ چاغدا شىڭلى سائەتكە قارىۋىدى، 11دىن ئاشقان ئىكەن. «بولدى تېزرەك قايتاي، بولمىسا يەنە ئۆيدە سوراققا قالماي»—دېدى-دە، شىڭلى چىقىپ كەتتى، جاڭ شىباۋ ئۇنى مەسخىرىلەپ كۈلۈپ قالدى.




ئەرتىسى ئەتىسگەندە شىنڭلى بىلەن جاڭ شىباۋ بۇلەيچىنى ئىزدەپ تاپتى. تىغنى بۇلەپ بولغاندىن كېيىن شىنڭلى خۇددى كىچىك بالىدەك ئويناقشىپ سىخقا ماگدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



شىڭلى تىغنى ساپقا بىكىتىپ سىناقنى باشلىدى. مېتال قىرىلىش بىلەن بۇنىڭدىن چىققان ئوت ۋە مېتال قىرىندىلىرى ئەتراپقا چاچراشقا باشلىدى. شىڭلى بىلەن جاڭشىباۋ دەم ئالماستىن پۈتۈن دىققىتى بىلەن تىغقا نەزەر سېلىپ تۇردى.



ستانوك پىقراپ بولدى، ستانوك ۋە تىغلارنىڭ ھەممىسى ساق قالدى. بۇچاغدا شىنڭلى بىلەن جاڭشىباۋ ھېساپلاپ كورۇۋدى، 1287 مېترلىق يېڭى رېكورد يارىتىلغانلىقى بىلىندى. نەتىجىدە بۇ ئىككىسى بەك خوشال بولۇشتى.





كەچتە، شىڭ لى ئۆيىگە قايتىپ كېتىۋېتىپ يولدا رادىئودىن «شىڭ لى مېتال قىرىشتا 1287 مېترلىق يېڭى رېكورد يارىتىپ چېڭ گىڭرۇڭ ۋە سۇڭ ۋەنچىڭلاردىنمۇ ئېشىپ كەتتى، ئەمما بۇ يىگىت يەنىلا تىرىشماقتا، بۇلارنىڭ مۇسابىقىسى تېخى ئاياغلاشمىدى!» ــ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى.





شىڭ‌اى ئۆيگە كېلىشىگە ئوغلى شىڭ زىچاڭ ژۈگۈرۈپ بېرىپ قولىغا ئېسىلدى ـ دە ، «ئاتا، قاراڭ!» دەپ قولى بىلەن ئىشارەت قىلدى، رەپىقىسى پىڭ يۈيجىڭ قىزى شىڭ زىمىن بىلەن رادىو خەۋىرىنى ئاڭلاۋاتاتتى.


www.uyghurkitap.com



ئەرتىسى شىڭلىگە شاگخەي پارترۇبىنىسى زاۋودىنىڭ ئىشچىسى سۇڭ ۋەنچىڭنىڭ مېتال قىرىش ھۇنىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئۈچۈن ياشلار سويۇزى شەھەرلىك كومىتېتىدىن ئۇختۇرۇش كەلدى. شىڭلى بۇ 3- دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچى سۇڭ ۋەنچىڭنىڭ مىڭ مېتىردىن ئارتۇق سۇرئەت بىلەن قىرىش رېكوردىنى يارىتىشىغا كۆزى يەتمەيتتى.




شىڭ لى ئۈچ كۈندىن كېيىن زاۋودنىڭ سويۇز ياچېيكا سېكرېتارى بىلەن بىللە شاگىرتخەيگە ماڭدى. يولدا كېتىۋېتىپ سېكرېتار: «شىڭ لى، سەن پېشقەدەم بولۇپ قالدىڭ، كونسېرۋاتىۋلىق قىلماي بۈگۈن سۇڭ ۋەنچىڭگە ياخشىراق دەرس بېرىپ قوي!» — دېۋىدى، شىڭ لى: «نەرىم پېشقەدەم بولسۇن، مەن بۈگۈن ئوگۇنۇش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن» — دەپ جاۋاپ بەردى.



يوبدا منشنىڭ شەھەرچىسىگە يېقىن قالفاندا، بۇ ئىككىسى شاگخەي پارترۇبنىسى زاۋودىنىڭ ئالدىغا كېلىپ چۈشتى. ھۈنەر كورسۇتۇش مەجلىسىنى ئۇيۇشتۇرغان شەھەرلىك سويۇز كومىتېتىنىڭ كىشىلىرى ۋە زاۋودىنىڭ ۋەكىللىرى بۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ دەرھال چىقىپ قارشى ئالدى.





كوپچىلىكنىڭ قارشى ئېلىشى ئىچىدە شىڭلى سېخقا كىردى، بەزىلەر شەھەر بويىچە يېڭى رېكوردنى يارىتىش تەجرىبىسىنى سورىدى؛ بەزىلەر ستانوكنى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇش جەريانىنى سورىدى؛ بەزىلەر بۇنىڭ ھەممىسى بىزگە زورۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ھۈنىرىنى كۆرسۈتۈپ بەرسە ۋە دوكلاد قىلىپ بەرسە دەپ تەلەپ قىلىشتى. بۇچاغدا شىڭلى: «يولداشلار، ئەپۇ قىلىڭلار، مەن سىلەردىن ئۆگەنگىلى كەلدىم!» — دېدى.

www.uyghurkitap.com




ئاخرى مەجلس باشقۇرغۇچنىڭ سوزى بلەن شنڭلى سۇڭ ۋەن-
چىڭغا ياردەمچى بولۇشقا كەمتەرلىك بلەن ماقۇل كوردى-دە، بۇ ئككى
قىرىش ئۇستىلرى—شنڭلى ۋە سۇڭ ۋەنچىڭلار يۈز كورۈشتى.




مەجلىس باشقۇرغۇچىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇشىدىن كېيىن ھۇنەر كورسۇتۇش ئىشى باشلاندى، ھەممۇيلەن سۇڭ ۋەنچىڭغا ۋە ئۇنىڭ ستا- نوكىغا دىققەت قىلدى، شىڭلى سۇڭ ۋەنچىڭنىڭ مۇرىسىگە ئاستا ئۇرۇپ تۇرۇپ: «بىرىڭ، دىققەت قىلىپ ئىشلەڭ» ــــ دېدى.

www.uyghurkitap.com





سۇڭ ۋەنچىڭ تەييارلىق ئىشىنى كورۇپ بولغاندىن كېيىن ستانوكنى ھەركەتلەندۈردى. ستانوكنىڭ ھەركەتلىنىشى بىلەن تەڭلا شىڭ لىنىڭ نەزىرى سۇڭ ۋەنچىڭنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىغا چۈشتى ـ دە، ئۇ، ستانوكنىڭ ھەركىتى، مىتالنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ پىقىراش ئەھۋاللىرىنى دىققەت بىلەن ھېساپلاپ تۇردى.





ستانوك راسا پىقىراپ، سوُكۋ ۋەنچىگىنىڭ مېتال قىرىش سۇرئىتى 1300 مېتىردىن ئېشىپ كەتكەندە، شىڭلى: «مەزدىن ئېشىپ كەتتىغۇ؟» دەپ چوچۇپ كەتتى. ئەمما خاتا ھېساپلاپ قويدۇممىكىن دەپ قايتا ئىككى قېتىم ساناپ كوردۇدى، خاتا ئەمەسلىگى ئېنىقلاندى.

www.uyghurkitap.com




شىڭلى ئىخلاس بىلەن ستانوكقا قاراپ تۇرۇپ يەنە 5 قېتىم ساندى، يەنە ئوخشاش چىقتى. «مېنىڭدىن ئېشىپ كېتىپتۇ!» دەپ ئىچى ئېچىشىپ كەتتى ـ دە، سۈڭگۈەنچىڭنىمۇ قارىيالماي بېشى تۆۋەن چۈشۈپ كەتتى.



دەل بۇ چاغدا، كىشىلەر قىمىرلىشىپ كەتتى، ستانوكتىن بىر غەلىتى ئاۋاز چىقتى ــ دە ستانوك توختاپ قالدى. شىڭانى بېشىنى كوتۇرۇپ قارىغىنىدەك بولسا، قاراتەرگە چۈمگەن سۈكۈۋەنچىڭ ئاددىراشلىق بىلەن تىغنى ساپىغىدىن ئېلىۋاتقان ئىكەن.


www.uyghurkitap.com




شىڭ لى يېقىنراق كېلىۋىدى، سۇڭ ۋەنچىڭ ئېچىنغان ھالدا: «شىڭ لى، تىغ كويۇپ كەتتى» — دېدى، شىڭ لى ئۇنىڭغا: «كېرەك يوق، سىناق ئۇستىدە مۇنداق ئەھۋال دائىم بولۇپ تۇرۇدۇ» — دەپ كوڭلىنى ياساپ قويدى.



شىڭلى تىغنى يەڭگۈشلەش ئۈچۈن ساندۇقنى ئېچىپ قارىسا ئاران 2 تال تىغ بار ئىكەن. «تەييارلىق خىزمىتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىدىن تىغ ئاز تەييارلىنىپتۇ» دەپ ئۆز كۆڭلىدە چۈچىغان بولسىمۇ، ئەمما سۈڭۋەنچىڭنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يەتمىسۇن دەپ گەپ قىلماستىن تىغنى ئېلىپ سۈڭۋەنچىڭغا بەردى.



سۇڭۋەنچىڭ تىغنى بىكىتىپ ستانوكنى ھەركەتلەندۈردى. سۇڭۋەن-
چىڭنىڭ خىزمەتكە شىڭئاى پۈتۈن دىققىتىنى بەردى. ئەمما ستانوك
بىردەم ھەركەتلىنىپلا تىغ يەنە كۆيۈپ كەتتى.



ئارقىدىن ئەڭ ئاخىرقى تىغمۇ كويۇپ كەتتى. مەيداندا غولغۇل كوتۇرۇلدى. بەزىلەر: سۇرئىتى تېز بولغان بىلەن تىغ كويۇپ كېتىۋاتىسا دېيىشتى؛ بەزىلەر: بىز ئوگۇنۇشكە كېلىپ قۇرۇق كەتمەيلى، زادى شىڭلى بىر ھۇنىرىنى كورسەتسە قانداق.... دېيىشتى.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەجلىسنى باشقۇرغۇچى ئارام ئېلىشقا ئېلان قىلغاندىن كېيىن مەيداننىڭ ھاۋاسى بىر قەدەر پەسەيدى. سۇڭ ۋەنچىڭنىڭ چىرايلىرى ئاناردەك قىزىرىپ كەتتى. شىڭلى ئابىياتتىن كوپچىلىكنىڭ قىلغان سوزلىرى گەرچە ئۆزىگە قارىتىلغان سوز بولسىمۇ بۇسوزلەر خۇددى پىچاقتەك ژۈرىكىگە سانچىلغانلىقى ئۇچۇن بۇمۇ بىر ئاز ئىزا تارتتى.




شىڭلى تويتىن تاشقىرىغا چىقىپ: «بىز نىمە مەخسەت بىلەن مۇسابىقە باشلىدۇق؟ جەمئىيەتنى ئالغا سۈرۈش ئۈچۈنمۇ، ياكى شەخسىي نام قازىنىش ئۈچۈنمۇ؟ سۈڭ ۋەنچىڭ تۇۋەن دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچى تۇرسا، ئۇنىڭ تېخنىكىنى ياخشى ئۆگىنىشىگە ياردەم قىلىپ قويسام، ئىشلەپچىقىرىشدا چوڭ ئۆزگىرىش بولامدۇ.....» دەپ ئويلىدى.




ئۇيغۇر كىتاب تورىكتۇپى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

دەل شۇنداق ئويلاۋېتىپ يانچۇغىنى ئاختۇرسا، نەچچە ۋاختتىن ئىشلەتمەي زۇرگەن 2 تال ماگنىتلىق تىغ ئۇقولىغا ئۇرۇندى ـ دە، تىگۇنقىپ قالدى.



شىڭلىنىڭ ژۈرىگى راسا سالدى، ئەمما بىر نەچچە سېكونتتىن كې-
يىنلا ئۇ بىر قارارغا كەلدى-دە، ھېلىقى ماگنىتلىق تىغنى قولىغا ئالغان
پېتى «ئامال تاپتىم!» دەپ سويۇز ياچېيكا سېكرېتارىنى ئىزدەپ ماڭدى.


www.uyghurkitap.com



شىڭلى سېكرېتارنى تېپىپ، ئۆزىنىڭ سۇڭ ۋەنچىڭگە تەغنى ئارمىيەتكە پىرىش مەخسىدىنى ئېيتتى. سېكرېتار: «سەن ھەقىقىي نەمۇنىچى ئىكەنسەن!» ـــ دېدى.



شىڭلىنىڭ مەخسىدىنى سېكرېتار،مەجلىس باشقۇرغۇچىغا ئېيتىۋىدى، مەجلىس باشقۇرغۇچى كىشى شىڭلىنىڭ سۆزۈ ۋەنچىڭگە ئۆز تىغىنى بېرىپ تۇرماق بولغىنىنى كۆپچىلىككە ئۇختۇردى. مەيداندا گولدۇراس ئالقىشلار ياڭراپ كەتتى.



مەجلىس يەنە داۋاملاشتى. شىڭلى بىلەن سۇڭۋەنچىڭ ستانوك يېنىدا پەيدا بولدى. سۇڭۋەنچىڭ شىڭلىغا: «مەن قورقۇپ قالدىم، سىز ئىشلىسىڭىز!» — دەپ ئاستا ئېيتىۋىدى، شىڭلى دەرھال ئۇنىڭغا: «قورقماڭ، ئادەتتىكىدەك ئىشلەۋېرىڭ!» — دېدى.



شىڭلى سوزنىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ستانوك يېنىغا كېلىپ تىغنى بېكىتىپ بەردى ۋە دىققەت قىلدىغان يەرلىرىنى سۈڭۋەنچىڭغا ئاستا ئېيتىپ قويدى.

www.uyghurkitap.com




ستانوك يەنە ھەركەتكە كەلدى. سۇڭ ۋەنچىڭ تىغ سايىغىنى ئاستا مىدىرلىتىپ قويدى، شىڭلى سۇڭ ۋەنچىڭنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ قاراپ تۇردى. مىتال قىرىندىلىرى ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى، ستانوك خۇددى ئوت يانغىنى ئىچىدە قالغاندەك بولۇپ كەتتى.



ستانوك پىقوبفانسىرى مەيداندىكى كىشلەرنىڭ چىرايلىرىدا خوشاللىق پەيدا بولدى، سۇڭۋەنچىگىنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان شىڭلى كوكرىگىدىكى قولىنى ئاستا چۇشۇرۇپ راسا بىر ئۇلۇق - كىچىك تىندى.

www.uyghurkitap.com



ستانوك ئاستا توختىدى، مەيداندىكىلەر ستانوك ئەتراپىدا چاۋاكنى ياڭرىتىۋەتتى. سۇڭ ۋەنچىڭ ئۆز قولى بىلەن تىغنى ئاجرىتىپ، شىڭ لىغا بەردى ۋە: «شىڭلى، رەخمەت سىزگە:» — دېدى.




شىڭلى سول قولى بىلەن تىفنى ئېلىپ، ئوڭ قولىدا سۇڭ ۋەنچىڭ
بىلەن قول ئېلىشتى ۋە ئوز كوڭلىدە «بۇ يامان نەرسە ئىكەن!» دەپ
ئويلاپ، تىفنى قانداق بولەش ۋەئىشتىن بۇرۇن نىملەرنى تەييارلاش
ھەققىدە بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ بەردى.



بۇ چاغدا بىر كىشىنىڭ: «سۇڭ ۋەنچىڭ شىڭلىنى يېگىپ قويدى!» دېگەن ئاۋازى تويۇقسىز قۇلاققا كىردى-دە، شىڭلىنىڭ راسا ئاچچىقى كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com




مەجلىس باشقۇرغۇچى يولداش سوزگە چىقتى، بۇنىڭ سوزلىرى شىڭلىنىڭ قۇلىقىغىمۇ كىرمىدى. بىر نەچچە سېكونتتىن كېيىن شىڭلى ئۆزىنى توختۇتۇۋالدى. دەل بۇ چاغدا مەجلىس باشقۇرغۇچىنىڭ تەكلىۋى بويىچە شىڭلى سوزگە چىقىپ: «يولداشلار، بىزنىڭ بۈگۈنكى قىلغان ئىشلىرىمىز بىر ستانوك ياكى بىر زاۋودنىڭ پلانى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خەلقىمىزنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، تېزراق سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈندۇر!» — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com




شاڭلى پىشانىسىدىكى تەرلەرنى ئېتىپ، راسا تىنىۋېلىپ سوزىنى داۋاملاشتۇردى ۋە: «بۈگۈن سۆك ۋەنچىڭ مەندىن ئېشىپ كەتتى، بەلكى ئەتە بۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ كېتىدىغان كىشى چىقىشى مۇمكىن؛ ئېشىپ كېتەلمىسەممۇ ئارقىدا قالمايدۇ! مۇسابىقىمىز ئاياغلاشمىدى، ۋە تىنىمىزدىكى هايات مەڭگۈ مۇشۇنداق بولىدۇ!» — دېدى.

بۇ كىتاپ شاڭخەي خەلق سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن
1957 - ژىلى ئۆكتەبردە شاڭخەيدە نەشر قىلىنغان بىرىنچى
نەشرى بىرىنچى باسمىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.
本書根据上海人民美术出版社1957年10月第一版第一次印刷版本譯出
كىتاپ نومىرى: 355 (4) 1561

# مۇسابىقە ئاياغلاشمىدى

ئاۋتورى: فې لىۋىن.
رەسسام: گۇخوشىن.
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
ئادرىسى: بېيجىن گوزىجەن 54 - قورا.
بېيجىن شەھەرلىك ئەخبارات ۋە نەشرىيات باشقارمىسىنىڭ
رۇخسەت قەغىزى نومىرى: «ن — 047».
مەركىزىي مىللەتلەر مەتبەئەسىدە تىزىلدى.
شاڭخەي بىرىنچى باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى.
شىنخۇا كىتاپ ماگازىنى تەرىپىدىن تارقىتىلدى.

1958 - ژىلى ئىيۇلدا بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىندى.
1958 - ژىلى ئىيۇلدا شاڭخەيدە بىرىنچى قېتىم بېسىلدى.
فورماتى: 787×1092 1/48 م.م. ھەجمى: 2/ 1 1 باسما تاۋاق.
تىراژى: 1- 500 . باھاسى: 17 پۇڭ.
بىرلەشمە نومىرى: MT 8049 ئۇيغۇرچە 105.

www.uyghurkitap.com

書號：1561(4)355

竟賽沒有結束

（維吾尔文）

費禮文著

顧火鑫絵　章程改編

民族出版社翻譯出版

地址：北京國子監特54號

北京市書刊出版業營業許可證出字第047號

中央民族印刷厂排版

上海印刷一厂印刷

新华書店发行

1958年7月第一版

1958年7月上海第一次印刷

787耗×1092耗1/48　印張 1 1 /2

印數：1—3,500冊　定價：一角七分

統一書号：MT8049·維105